السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# مۇپەرردۇن" لار ئىلگىرىلەپ كەتتى"

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مُفرِدُونَ» لار ئىلگىرىلەپ كەتتى دېگەن ئىدى، ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار كىمۇ؟ دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھنى دائىم زىكىر قىلىپ تۇرغۇچى ئەر-ئاياللار» دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكۈچى ئەر-ئاياللار ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن كۆپ مەشغۇل بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئەجىر-ساۋابتا باشقىلاردىن ئالاھىدە بولدى، ئۇلار باشقىلاردىن كۆپ ئەمەل قىلدى، ياخشىلىقتا باشقىلاردىن بەك ئىلگىرىلىدى، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى»، يەنى: ئۇلار كۆپ ۋاقىتلاردا، بولۇپمۇ پەرز نامازلاردىن كېيىن ۋە ئەتىگەن-كەچتىكى زىكىرغا خاس بولغان ۋاقىتلاردا ئاللاھنى ياد ئەتكۈچىلەردۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3719